# 21792 ـ قۇرئان كەرىمنىڭ ئاۋازلىق ۋە خەتلىك ئوقۇلۇشى قاچىلانغان تىلىپۇن بىلەن ھاجەتخانىغا كىرىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

كىيىنكى ۋاقىتلاردا ئېلېكتىرونلۇق ئۈسكۈنىلەر كەڭ تارقالدى، ھەر تۈرلۈك ئېلغار تىلىپۇنلارغا قۇرئان كەرىمنىڭ تولۇق ئاۋازلىق ئوقۇلۇشى قاچىلىنىدىغان بولدى، بۇنداق تىلىپۇنلارنى ھاجەتخانىلارغا ئېلىپ كىرىشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن

## تەپسىلى جاۋاپ

بۇنداق تىلىپۇنلارنى ھاجەتخانىلارغا ئېلىپ كىرىش ھارام بولمايدۇ-چەكلەنمەيدۇ، گەرچە ئۇنىڭ ئىچىگە قۇرئان كەرىم قاچىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكمى بېرىلمەيدۇ، چۈنكى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاۋازى ۋە ھەتتا يېزىلغان خەتلىك نۇسخىسىمۇ ئاشكارا ئەمەس بەلكى ئەپ دىتالىنىڭ ئىچىدىدۇر. (يەنى قۇرئان كەرىم قاچىلانغان تىلىپۇن قۇرئاننىڭ ھۆكمىدە ئەمەستۇر).

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.